

# زۇلۇم ئاستىدىكى دۆلەت

تەرجىمە قىلغۇچى: مەتسەن

ئەسكەرتمە: تۆۋەندىكى ماقالىنىڭ يازغۇچىسى مىۋ ماقالىنى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى يازغانلىقى سەۋەبلىك شەرقى تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ھازىرقىدىن يەڭگىلرەك تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىنسان قوبۇل قىلغۇسىز بېسىملىرىنى ئەينى چاغدا تۈركىيەدىكى كامالىزىم ئەۋجگە چىقىپ دىندارلارغا يۈرگۈزگەن سىياسى بېسىمغا سېلىشتۇرۇپ بايان قىلغان جۈملىلىرنى ئاپتۇرنىڭ سىياسى كۆزقارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن يۈزەكى قاراش دەپ ئۇتتۇپ كەتسەك بولىدۇ.ماقالىنىڭ ئەسلىگە سادىق قىلىش مەقسىتىدە ئەينەن تەرجىمە قىلدىم.ئەمما مەن تۈركىيەدىكى **1920**. يىللىرى يۈز بەرگەن ئېچىكى بېسىملارنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارايمەن.

زالىملار ئۇزاققا قالماي قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ(سۈرە شۇئەرا **227**.ئايەت)

**مۇقەددىمە:** ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانىيەت تارىخى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنغان بولۇپ كېيىنچە ھاۋا ئانىمىز بىلەن بىللە زېمىنغا ئەۋەتىلگەن ،ئۇلار باللىق بولۇپ ئىنسانىيەت شۇندىن باشلاپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنداقلا ئىنسانىيەت ئايرىدە بولغاندىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بىرقىسىم تەبئى خارەكتېرلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:ئۇلار بىر - بىرىنى سۆيگەن،ئاچچىقلانغان،جېدەللەشكەن ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىقى بولسا ئۆز – ئارا جەڭگى – جېدەل،ئۇرۇش – ماجىراالاردا بولغان ؛تۇنجى پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يەريۈزىدە ئېلىسىنىڭ سەنىمگە دەسسىگەن تۇنجى كىشى ھەمدە تۇنجى قاتىل بولغان....

ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ جەڭگى – جېدەل ۋە ئۆلتۈرۈش داۋام ئەتكەن بولۇپ ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاربلاشقان كىبىر،قابىلنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان،ئۇنى ئېلىسىنىڭ تۇنجى ئىز- باسارى قىلغان. جەڭگى – جېدەل تۇنجى ئىنسان دەۋرىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ،زۇلۇممۇ تۇنجى ئىنساندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەندە زۇلۇم قىلغانلىقىغا تەن بەرمىگىنىدەك، بەشار ئەسەتمۇ (ئۆز خەلقىگە)بومبا ياغدۇرغاندىمۇ زۇلۇمنى تەن ئالمىغان.زۇلۇم دېيىلگەندە بىزنىڭ كاللىمىزغا دەرھال كېلىدىغىنى بەشار ئەسەت ،(بوسنىيەدىكى)سىربرېنىتسا بولسىمۇ زۇلۇم بۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.....

مۇسۇلمانلار ،ئىسلام دىنىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ زۇلۇمغا دۇچ كېلىشكە باشلىدى.كۈيۈرنىڭ/كۈيپارنىڭ نەۋرە – چەۋرىلىرى ھەردائىم ئەبۇ لەھەبنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قولىنىڭ ئىزناسىدىن،ۋەلىد بىنى مۇغىرەنىڭ قارا چاپلاش تەشۋىقاتلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ كەلدى.كۈيۈر ۋە ئۇنىڭ ھىيلە – نەيرەڭلىرى ھېچ ئۆزگەرمىدى.ئالغان ئىلھاملىرى ئارقىلىق ھەركەت قىلدى.**15** ئەسىر بۇرۇن زۇلۇم بىلەن ئاياقتا تۇرغان كۈيۈر ھېلىھەم زۇلۇم بىلەن ئۆرە تۇرماقتا...

«زۇلۇم بىلەن بولسا ئابات،ئاخىرى بولۇر بەربات»

كۈيۈر سىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولغىنى يوق.ئىت بەشار ئەسەتنىڭ قاۋىشىغا يول قويساق،پەلەستىندىكى جوھوت/يەھۇدى سۆيقەستلىرىگە كۆز يۇمساق،مىسىردىكى سىسىيگە پىسەنت قىلمىساق ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قان يىغلاۋاتقان شەرقى تۈركىستانىمىز تۇرسا.....

پەلەستىن،سۈرىيە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى زۇلۇم ھەممىگە ئايان،بىز بۇ قىسقىغىنە يازمىمىزدا شەرقى تۈركىستاندىكى زۇلۇم توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى! شەرقى تۈركىستانىنىڭ نېمە سەۋەبتىن زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى،زۇلۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ نېمە سەۋەبتىن زالىم ئىكەنلىكىنى يازايلى!

**زۇلۇم:** يۇقاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك زۇلۇم،ئىنسان بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ ئىنساننىڭ خاراكتېرلىرىدىن بىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.زۇلۇم ئادەتتە بىرەر مەنپەئەت تالىشىش جەريانىدا،ھەسەت قىلغان ۋاقىتتايىكى نەپرەت تاشقاندا مەيدانغا كېلىدۇ.زۇلۇم قابىل بىلەن ھابىل مىسالىدا قىزغانچۇقلۇقتىن مەيدانغا كەلگەن بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولسا مەنپەئەت توقۇنۇشى سەۋەپلىك ئوتتۇرىغا چىققان.زامانىمىزدىكى زۇلۇم بولسا يۇقاردىكى ھەممە سەۋەپلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.كۈنىمىزدە پەلەستىن يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاسارەتتە.مىسىر بولسا ئەنگلىيەنىڭ قايتىدىن مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئويۇن – نەيرەڭلىرىگە زېمىن ھازىرلانسۇن ئۈچۈن سىسىنىڭ زۇلمى ئاستىدا.ئىراق نېفىت مەنپەئەتى سەۋەپلىك زۇلۇم ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن دۆلەت پارچىلاندى.لىۋىيە ئامرىكىنىڭ ئارزۇسى بويىچە غۇلاشقا قاراپ ماڭماقتا.سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قوينىدا بۇنچىۋالا نېفىت تۇرسىمۇ تېخىچە كۆپۈر قولچۇماقلىرىنىڭ قارىغا ئېلىش نىشانىغا ئايلانمىغانلىقىنى سىز ئويلىنىپ كۆرۈڭ....

زۇلۇم مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.كۈنىمىزدىكى كۆپۈرنىڭ ئىسلامغا بولغان نەپرىتىمۇ زۇلۇمنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرىدۇر.كەلگۈسىنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى كۆپۈرنىڭ تېخىمۇ ئەزۋەيلىشىگە تۈرتكە بولماقتا.شۇڭلاشقا كۆپۈر ھەردائىم زۇلۇمغا تايىنىدۇ.بىر مەنىدىن ئېيتقاندا زۇلۇم ئارقىلىق ياشايدۇ....

شەرقى تۈركىستان[i] **:**بىز شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتىغان بۈلۈم خىتاينىڭ غەربى شىمالىدا ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر رايۇنىنى كۆرسىتىدۇ.يەر كۆلىمى ئالاھەزەل تۈركىيەنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.بۇ مەلۇماتنىڭ ئۆزىلا خىتايغا نىسبەتەن ئۇرۇش جەڭگى – جېدەلنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئامىلى بولسا كېرەك....ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىقلارغا سەۋەپ بولىدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار...

ئۇيغۇر رايۇنى ،مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى خىتايغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.بۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

***1.***ئۇيغۇر رايۇنىنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ ***6.1 %*** نى تەشكىل قىلىشى ۋە سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇشى.

***2.***كوممۇنىزىم بىلەن ئىدارە قىلىنىش،ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلىمىدىن كېيىن بۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سوتسىيالىست بازار ئىگىلىكىنى ئىلاھ دەپ بىلگەن خىتاينىڭ چېگرىسى ئىچىدە مۇسۇلمان بىر ئازسانلىقنىڭ بولۇشىنى دۆلەتنىڭ ***6.1%***نى تەشكىل قىلىشى بىلەن ***23*** مىليون نوپۇسقا ئىگە بولۇشىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا باشقا (تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە قاتارلىق) ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىلھام بېرىدۇ دەپ قارىلىشى.

***3.***يەر ئاستى بايلىقلىرى: ئۇيغۇر رايۇنىدا مەۋجۇت بولغان نېفىت،تەبىئى گاز،كۆمۈر ۋە ئۇرانىيۇم قاتارلىق يەرئاستى بايلىقلىرى.ئېنىق قىلىپ ئېيتساق،«مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن باشقا»قايسى دۆلەتنىڭ نېفىت زاپىسىنىڭ ***35%*** ئۆز دىنىدىن بولمىغان ھەتتا دۈشمەن دەپ ھېساپلانغان بىرەر گۇروھنىڭ قولىدا بولسا ،مەزكۇر دۆلەت بايلىقىنى ئۇ گۇروھقا قەتئى ئۆتكۈنۈپ بەرمەيدۇ،خىتاي دۆلىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.ئۇيغۇر رايۇنىدىن چىققان نېفىت بايلىقلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بەھرىمەن بولىشى باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ.شەرقى تۈركىستاندىن چىقىدىغان بايلىقلارنىڭ خىتاي دۆلىتىگە قوشقان ھەسسىسى ناھايىتى زور.

**4.**ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى:**1.**ماددىدا تىلغا ئېلىنغان كۆپ دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىشتەك ئالاھىدىلىكتىن باشقا يەنە،خىتاي ۋە ئاسىيانىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئورۇن ئالغان ئېنىرگىيە،تەبىئى گاز ۋە نېفىت تۇربا يوللىرىنىڭ بۇ رايۇندىن ئۆتىشى.

**مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلى شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار زۇلۇم ئاستىدا ئېڭىرىماقتا...**

زۇلۇمنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاۋال خىتاينىڭ زۇلۇم قامچىسىنى ئوينىتالىغا نەزەر تاشلىساق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىلمىشلارنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

**خىتاينىڭ يېقىنقى زامان تارىخى:** «خىتايدا **1949**.يىلى ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى كومپارتىيە ئىچكى ئۇرۇشتا غەلبە قازىنىپ خەن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىندى.كومپارتىيە مەملىكەتنى دېھقانچىلىقتىن سانائەتلەشكەن جەمىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى نىشان قىلىپ خىلمۇ- خىل سوتسىيالىستىك سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلدى.بۇ سىياسەتلەرنىڭ مۇھىم غايىلىرىدىن بىرى بولسا خىتاي جەمىيىتىدىن ئەنئەنىچى ۋە ئىنقىلاپقا قارشى دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ يوقىتىلىشى بولدى.ئىنقىلاپقا زىت ئەنئەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىڭلارچە ئىبادەتخانا، بۇلۇپمۇ مەچىت – خانىقالار ۋەيران قىلىندى،بەزىسى يىقىپ تاشلانغان بولسا بەزىلىرى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى...»

بۇ ئابزاستىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى،كوممۇنىزىم دېيىلگەن« تەلۋە كۆينەك » ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە تەشەببۇس قىلدى.ھەتتا غەرپ قىممەت قاراشلىرىغىمۇ زىت كېلىدىغان بىر نەزەرىيە بولۇپ دىنسىزلىقتۇر،ئۆزىنى دىن دەپ قوبۇل قىلدى.ئاۋامنى ئەنئەنىدىن ئايرىپ تاشلاشنى كۆزلەيدۇ.چۈنكى«ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىش » قۇرئان كەرىمنىڭ بىر بۇيرۇقىدۇر،ئىسلامنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بىرتۈزۈمدىن قانداقمۇ قۇرئاننىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىشىنى كۈتكىلى بولسۇن؟

باشقا مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ قىلمىشلارنى (تۈركىيەدىكى)جۇمھۇرىيەت يېڭى ئېلان قىلىنغان چاغلاردىكى ۋەزىيەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك مىللى شەف(ئىسمەت ئىنۆنۈ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان جەمەلەر ئېغىلغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.ئىچى سامان بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەن ئىشلامۇ بولغان ئىكەن.مەندەرەس ۋەتەن جاددىسى- يولىنى ئوڭشاش ئۈچۈن تالاي جەمەلەرنى يىقتۇرغان ئىكەن.

بۇ قىلمىشلاغا قاراپ شۇنداق يەكۈننى چىقىرالايمىزكى،كوممۇنىزىم ۋە لايىسىزىملارغا ئوخشاش«ئىزىم»بۇتلىرى ،ئىسلامغا ئالتېرناتىف دەپ قارىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن.ھەر ئىككىسىدىن بىرىگە مەھلىيا بولغان ئادەم دەرۋەقە ئىسلام ۋە دىن دۈشمىنى بولۇپ ئىنسانىيەتكە ياراشمايدىغان قىلمىشلارنى ئىشلەيدۇ.بۇ تېمىنى بىر ئايەت بىلەن تۈگىتەيلى. ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ ئەنە شۇلار(ئەسلىدە)مەسچىتلەرگە پەقەت خەۋپىسىرىگەن ھالدا كىرسە بولاتتى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ(سۈرە بەقەرە **114**.ئايەت)

مەسچىتلەرنى يىقىپ تاشلىغانمۇ،چەكلىمە قويغانمۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكى مۇھىم ئەمەس...

ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ يىلتىزىدىن قويۇرۇپ تاشلىنىشى توغرىسىدا توختالساق:« قۇرئان كەرىمدىن تارتىپ ھەرخىل دىنى كىتابلار يېزىلاردا ۋە شەھەر مەركەزلىرىدە يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنماقتا».تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭلاردەك ھەممە دىنى قائىدە- يۇسۇنلار ،ئىبادەتلەر،دىنى تەلىم- تەربىيە چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا.ئۇلار پەقەتلا ئىسلام دۈشمىنى بولۇپلا قالماي ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىدىن باشقا ھەممىگە دۈشمەن.

دوكلاتنىڭ داۋامىدا قەيت قىلىنىشىچە ساقالدىن تارتىپ ئاياللارنىڭ بېشىنى ئورىشىغىچە ھەرخىل دىنى كىيىم –كېچەكلەر(سوتسىيالىستىك) ئىنقىلابقا قارشى چىققانلىق دەپ قارىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان....بىز مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئىسلامىيەت بويىچە ياشاش ھەققى ھاياتلىقتۇر.ئۇلار بۇنى خالىسا ئىسيان دېسۇن خالىسا قارشى چىققانلىق...

ماۋزېدۇڭ ئۆلگەنگە قەدەر شىددەتلىك بىر ئۇسۇلدا ئىجرا قىلىنىپ كېلىنگەن رېجىمنىڭ تەخمىنەن بىر مىليارلىق نوپۇسنىڭ ھاياتىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى!

«شەرقى تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىككە ئۈتۈشتىن ئاۋال ئاخىرقى بىر جۈملىنى تىلغا ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:«دۆلەت ئىچى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى يولغا قويۇپ خەلقارا كاپىتالىستىك تۈزۈمگە باغلانغان خەن كومۇنىستىك پارتىيەسى ،بىر تەرەپتىن سىياسى ئۈكتىچىلەرنى قاماپ،تور ئىشلىتىشنى قامال قىلىپ،نەشرىيات -ئاخباراتقا چەكلىمە قويۇپ كومعۇنىستىك ئىدېئولوگىينى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىپىشماقتا» بىزدە ژورنالىست قىياپىتىگە كىرىۋالغان ۋەتەن خائىنى تۈرمىگە كىرسە قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ.تېرورىست ئۆلسە شېھىت ھېساپلىنىدۇ،تور چەكلەنسە دۆلەت رەئىسى مۇستەبىت بولغان بولىدۇ.بۇ خىل قاراشتىكى لايىسست ئىدېئولوگىيە ئىگە كىشلەرنى ماۋزېدۇڭنىڭ شەپقەتلىق قوللىرىغا ھاۋالە قىلدىم.

**دەپسەندىچىلىكتىن تۇغۇلغان زۇلۇملار:**شەرقى تۈركىستان ئاخىرقى ***200*** يىلدىن بۇيان ئىشغالىيەت ئاستىدا.***1949*** يىلى خىتايلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ خىتاي دۆلىتى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىنغان.يەنى بىرخىل مۇستەملىكە دېيىشكە بولىدۇ.

كېيىنچە كوميارتىيە، خىتاي تۇپراقلىرىدا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن (ئاتالمىش)ئاز سانلىقلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان شەرقى تۈركىستان ،تىبەت،ئىچكى موڭغۇلىيەگە ئوخشاش رايونلاردا ئاپتونومىيە تۈزۈمنى يولغا قويغان.شەرقى تۈركىستانغا ***1955*** يىلى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەرگەن.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رايوننىڭ سىياسى تارىخىغا قارايدىغان بولساق ئەملىيەتتە ئاپتونومىيەنىڭ رولى بولمىغان.ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلگەن رايون،«ھەقىقەت قارغۇسى،كۆزلىرىدە پەردە بارلار»[1] غا نىسبەتەن مەخپى ئىستىلا بولغان.شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاپتونومىيە ھەق –ھوقۇقى يەنە خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىماقتا.

پەقەت قەغەزيۈزىدىلا قالغان ئاپتونومىيە ، رايونلاردىكى يەرلىك تىللار ۋە كۇلتۇرلەر يوق قىلىۋېتىلىش خىرىسىغا دۇچ كەلگەن،دىنلار،ئىبادەتلەر چەكلەنگەن،دىنى زاتلار ھۇجۇمغا ئۇچرىغان.خۇددى ***1925-1928*** يىللىرىدا تۈركىيەدە يۈز بەرگىنىدەك. ئىسكىلىپ ئاتىپ داموللامنى دارغا ئاسقان ئاك بىلەن خىتايدىكى ئاكنىڭ يېزىلىشتىن باشقا نېمە پەرقى

[1] سۇرە بەقەرە 6.ئايەت

بار؟ كوپپارلىقتا ئوخشاش سەپتە،زۇلۇمدا ئوخشاش سەپتە،ھەم –ھەقىقەتكە جىداپ تۇرالماسلىقتا ئوخشاش ئورۇندا.ئاقىۋەتلىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولۇشى ئارزۇسى بىلەن....

بۇ بېسىملاردىن باشقا يەنە قەتلىئاملار،قانۇنسىز ئۆي كېسىۋېتىشلەر،ئېتىۋېتىشلەر،بانا-سەۋەبسىز تۇتۇپ كېتىش ۋە قولغا ئېلىشلار،قىين- قىستاققا ئېلىش ۋە ئۆلتۈرۈشلەر بىلەن پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن ئۆلۈملەر ھەمدە ئاتوم سىناقلىرى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن ھەرخىل كېسەللىكلەر قاتارلىق دەپسەندىچىلىكلەر ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە داۋاملاشماقتا.

دىكتاتورلۇق بولغان ھەريەردە «قانۇنسىز ئۆلۈم جازالىرى،خالىغانچە قولغا ئېلىشلار،قىين – قىستاق ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشلار»دېگەندەك سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلمەكتە.لېكىن پىلانلىق تۇغۇت ئۆزگىچە بىر مەسىلە...ئەڭ يېقىن تارىخقا قارىساق ئىسلامىيەت كېلىشتىن ئىلگىرى سەبىيلەر كۆمۈۋېتىلەتتى،دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئۆلتۈرۈلەتتى.دەۋرىمىزدە بولسا غەربنىڭ ناشايان يول بىلەن تۇغۇلغان دادىسى نامەلۇم بوۋاقلار تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى بۇ تۇغۇت چەكلىمىسى،خىتايدا بولسا نوپۇس سىياسىتى سەۋەبىدىن ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ.ئىسلام دىنىدىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغانلار «نە پەرزەنت يۈرىقىنىڭ جەننەت يۈرىقى ئىكەنلىكىنى،نە ھەر بوۋاقنىڭ ئۆز رىزقى بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ....

بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە نېمىلەر يۈزبېرىدۇ؟قاراپ چىقايلى!ئوغۇل پەرزەنتنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا ئائىلىگە ياردەملىشىشتەك ئالاھىدىلىكى ۋە رەسىمى يۇسۇندا ۋارىس بولىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بولغىنىدەك خىتايدىمۇ ئوغۇل پەرزەنت ئارزۇ قىلىنماقتا.قوساقتىكى بالىنىڭ قىز تۇغۇلىدىغانلىغىنى جەزملەشتۈرگەن بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ قوساقتىكى بالىنى ئالدۇرۇۋېتىدىغانلىقى قەيت قىلىنماقتا.يەككە پەرزەنتلىك بولۇش تەشەببۇسىدىن ئىبارەت جەمىيەت بېسىمى سەۋەپلىك ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى تاشلىۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە.تالاي بالىلار دۆلەتنىڭ دارۇلئېتاملىرىدا ياشىماقتا،بۇ بالىلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا بېقىۋالىدىغانلارغا بېرىلمەكتە.*1980*.يىلىدىن كېيىن قىز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر بالىلىرىنى نوپۇسقا تىزىملاتماستىن قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز رەۋىشتە باشقا ئائىلىلەرگە بېرىۋېتىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلار كۆپەيگەن.بالىسىنىڭ قىز تۇغۇلىدىغانلىغىنى بىلگەن بەزى ئائىلىلەر يا بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە يۈزلەنگەن ياكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن تاشلىۋەتكەن ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق يوقاپ كەتكەن قىز بالىلارنىڭ سانى *100* مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە ئىكەن.[2]

باھا بېرىشنى ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە قىلىمەن.پەقەت ئازغىنا تەپەككۇر....

بۇ دەپسەندىچىلىكتىن باشقا يەنە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ۋە مۇسۇلمانلارغا تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىدە ، خۇسۇسەن دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت ئالىدىغان ياكى خىزمەت قىلىدىغان ۋەزىيەلەردە،كوچا-كويلاردا بېسىم قىلىدىغان،يېكلەيدىغان سىياسەتلەر،قىلمىشلار ئىجرا قىلىنماقتا.خىتايمۇ ياشىرىمىدىن ئوروۋن ئالماقتا.

مۇستەملىكە بىلەن باشلانغان يەنە بىر زۇلۇم بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى ۋە چەكلىنىشىدۇر.ئۇتمۇشىمىزگە قارايدىغان بولساق ئېنىق كۆرەلەيمىزكى،بىر مىللەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى ئۇ مىللەتنىڭ تىلىغا چەكلىمە قويۇشتۇر.قاراڭلار.«بىر كېچىدە نادان قالدۇرۇلغان خەلق،تىل ۋە يېزىق ئىنقىلاۋى».كوچ-قۇدرىتىنى ئىسلامدىن ئالىدىغان مىللەتلەر ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر زۇلۇملارىدىن بىرى.بۇ دەپسەندىچىلىككە

[2] www.cingundeminden.blogspot.com.tr

قوشۇمچە قىلىپ يەنە:مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسى ئىبادەت ماكانى بولغان جەمەلەردە خالىغان ھەركىمنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇلماسلىقى.دۆلەت كادىرلىرى،كومپارتىيە ئەزالىرى،پېنسىيىگە چىققانلار،ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاياللارنىڭ جەمەدە ئىبادەت قىلىشى بەلگۈلىمە بويىچە چەكلەنگەن.بايقالغان ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ھەيدىلىش،دۆلەت كادىرلىرى خىزمەتتىن بوشىتىلىش خەۋپى بولۇشتىن باشقا ئېغىر جەرىمانە ئېلىنماقتا.بۇ چەكلىمە بارلىق جەمەلەرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ۋىۋىسكىلارغا ئېسىغلىق،شۇنداقلا يەنە قۇرئان ئۆگىنىش پۈتۈنلەي چەكلەنگەن بولۇپ چىقىرىلغان بەلگۈلىمىگە ئاساسەن ئاتا- ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە دىنى تەلىم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىش ياكى يول ئېچىپ بېرىش ھوقۇقى يوق. بۇنىڭ ئورنى كۆپ ھاللاردا ئۆيلەردە يوشۇرۇن رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرئان ئۆگىنىش ئارقىلىق تولدۇرۇلۇشقا تىرىشىلماقتا،بىراق بۇنداق تەلىم – تەربىيە ئىشلىرى پاش بولۇپ قالغان تەقدىردە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ باستۇرۇپ كىرىپ ھەم بالىلار ھەمدە قۇرئان كەرىم ئۆگەتكەن موللام ئېغىر جىنايەت سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ تۈرمىلەرگە قامالماقتا.شۇنداقلا يەنە يېقىنقى **4** يىلدىن بۇيان دىنى نىكاھ ئوقۇش،جىنازا دەپىن ئىشلىرىنىڭ ئىسلامى قائىدە- يۇسۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى،قەۋرە زىيارىتى ۋە ئاممىغا ئوچۇق جايدا ناماز ئۆتەش، قاتارلىق پائالىيەت مەنئى قىلىنغان.

ئۆتكەن يىلى قاراماي ۋە غولجا شەھەرلىرىدە كوچا ئاپتوۋۇزى قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدە ئاممىغا ئوچۇق يەرلەردە چۈمپەردە ئوراش،بەدەننى پۈتۈنلەي يېپىپ تۇرىدىغان پەلتۇ كىيىش،ياغلىق ئارتىش،ئاي يۇلتۇزلۇق نەقىش بار كىيىم كېچەكلەرنى كىيىش ۋە ساقال ئۆزارتىش مەنئى قىلىنغان.پايتەخت ئۈرۈمچىدىمۇ ئاپتوۋۇزلار،ئاپتوۋۇز بېكەتلىرى،پويىز ئىستانسلىرى،مەكتەپلەر،دوختۇرخانىلار ھەتتاكى كوچا- كوي،مەيدانلارغا ئوخشاش ئاممىغا ئوچۇق جايلاردا ھجاپ ۋە چۈمپەردە چەكلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۈرۈمچىدە بەلگۈلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن ***2400*** يۈئەن جەرىمانە ئېلىنغان.

ئەملى سىيلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە،(تۈركىيەدىكى)جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىغا ئازغىنا نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كۇپايە قىلىدۇ.ئايەتلەرگە قاراپ تۇرۇپ زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ؛مەن سىزگە بىرقانچىسىنى ساناپ بېرەي:باش ئوراشنىڭ چەكلىنىشى، قۇرئان ئوقۇش،ئۆگىنىش چەكلىمىسى....

يازمىنىڭ تېخىمۇ ئۇزاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەپسەندىچىلىك ھەققىدىكى گەپنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمەن.خالىغانلار ئى،ھا،ھا(ئىنسانى ياردەم پۇندى جەمئىيىتى) تەرىپىدىن تەييارلانغان «شەرقى تۈركىستان دوكلاتى»نى ئوقۇپ چىقسۇن.

**زۇلۇمنىڭ سەۋەبى ۋە زالىمنىڭ ئاقىۋىتى:** زۇلۇمنىڭ نېمىشقا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدە كىرىش بۆلۈمدە ئۇزۇن توختالغان ئىدۇق،بۇيەردە قىسقىلا توختىلايلى.تۇنجى ئىنساندىن بۇيان ھەر زۇلۇم شەيتاننىڭ سېپىدە ، مەزلۇم بولسا ھەر دائىم ھەق تەئالانىڭ سېپىدە بولغان.شەيتاننىڭ ۋارىسلىرى قانداقتۇر بانا-سەۋەپ تېپىپ چىقىپ زۇلۇم ئېلىپ بارغان،پاشىست دەپ ئاتالغان،ئانتى لىبېرال دېيىلگەن،تېرورىست دېيىلگەن،جاھىل- مۇتەئەسسىپ،قارا كۈچ دېيىلگەن.مۇشۇنداق سەۋەپلەرنى بانا قىلىپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىنغان،زۇلۇم يۈرگۈزۈلگەن.

ئەگەر بىز ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغان دەسلەپكى دەۋرلەرگە قايتىش مۇتەئەسسىپلىك بولىدىغان،ئەسرى سائادەتنى قايتىدىن ياشاش ئىپتىدائىيلىق بولىدىغان بولسا،ئەڭ ئۇچىغا چىققان ئىپتىدائىي مانا مەن. ئەگەر قۇرئان ئىقلىمىغا

قايتىش كونلى بولىدىغان بولسا،پەيغەمبەر ئەلەيھىسساللامنىڭ يىشىدە تەربىيلىنىدىغان ئىش بولسا مەن ئۇنى قوبۇل قىلىمەن.ئەڭ چوڭ مۇتەئەسسىپ مەن بولىمەن.ئىنقىلاپ نامى ئاستىدا چىركىلەشكەندىن كۆرە مەيلى مەن مۇتەئەسسىپ بولاي.ئىسلامسىز زامانىۋىلىشىش ئەبۇجەھىلنىڭ سۆزىدۇر.ئىسلام يىلتىزىنى ياشايدىغان ئۆتمۈش مىنىڭدۇر.

زالىملار ئازاپنى كۆرگەن ۋاقىتتا پۈتۈن كۈچ – قۇدرەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابى –ئوقۇبىتىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى.***(سۈرە بەقەرە 165.ئايەت)***

زالىملارغا مايىل بولماڭلار،بولمىسا دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر،سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ھىمايىچى يوقتۇر،ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرگە ھېچ ياردەم بېرىلمەيدۇ***(سۈرە ھۇد113.ئايەت)***

زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى  بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن،ئاللاھ ئۇلارنى جازاسىنى كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ،***(سۈرە ئىبراھىم 42.ئايەت)***

[i] بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار ئىنسانى ياردەم پۇندى (ئى خ خ)تەرىپىدىن 2015.يىلى 8.تۇمۇز تەييارلانغان «شەرقى تۈركىستان دوكلاتى» دىن ئېلىندى